# ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازالارنىڭ ھۆكمى

شەيخ مۇھەممەد ئەلى سابۇنى[1]

جانابى ئاللاھ بەندىلىرىنى ئېغىر جىنايەتلەردىن توسۇش ئۈچۈن شەرئىي جازالارنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ جازالار ئەرەب تىلىدا توسۇشنى بىلدۈرىدىغان «ھۇدۇد» سۆزى بىلەن ئاتالغان، يەنى بۇ جازالار، جىنايەتلەرنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنى توسىدىغان چەك- چېگرالاردۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلا زالىملاردۇر» دېدى، (بەقەرە سۈرىسى 229 – ئايەت.)

جانابى ئاللاھنىڭ بۇ چەك - چېگرالاردىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە بۇ جىنايەت تۈپەيلىدىن دوزاخ ئوتىدا ئازابلىنىدىغانلىقى، بۇ جىنايەتلەرنى قىلىش ھالال دەپ قارىغانلارغا دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى14- ئايەت.)

فەقىھلەر بۇ جازالارنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

ئاللاھ تائالا جىنايەتچىلەرنى زىيانكەشلىك قىلىشتىن توسۇپ، جەمئىيەتنى ئۇنىڭ زىيىنىدىن قوغداپ بەلگىلىگەن شەرئىي جازالار.

بۇنداق بەلگىلەنگەن جازالار بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

زىنا جازاسى،

زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىش جازاسى،

لىئان(ئەر - خوتۇنلار بىر- بىرىگە زىنا تۆھمىتى قىلىش) جازاسى،

ئوغرىلىق جازاسى،

قاراقچىلىق جازاسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ھاراق ئىچىش جازاسىنى يۇقىرىقى جازالار قاتارىغا قاتقان بولۇپ، ھاراق ئىچكۈچىگە قىرىق دەررە ئۇرۇش جازاسىنى بەلگىلىگەن.

## ئىسلام شەرئىتىدە جازالارنى بەلگىلەشتىكى ھېكمەت

ئاللاھ تائالا بۇ جازالارنى بەلگىلەنگەن چەك – چېگرالارغا تاجاۋۇز قىلىشقا قارىتا يولغا قويغان بولۇپ، بۇ جازالارنى يولغا قويۇشتىن كۆزلىگەن مەقسەت: جەمئىيەتنى قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىقتىن تازىلاش، خەلقنى زىنا ۋە ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلاش، كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى، مال -

[1]مۇھەممەد ئەلى سابۇنى ئەسلى سۈرىيەلىك بۈگۈنكى زامان تەپسىرشۇناس ۋە پىقھشۇناس مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، 1930 – يىلى سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى سۈرىيەدە تاماملىغاندىن كېيىن، 1952 – يىلى «ئەلئەزھەر ئالى بىلىم يۇرتى»نى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، 1954 – يىلى ماجىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا نائىل بولغان. 25 يىل مەككەدىكى «ئۇممۇلقۇرا ئالىي بىلىم يۇرتى»دا تەپسىر، ھەدىس ساھەسىدە ئۇستاز بولۇپ، نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ يېزىپ چىققان «سەفۋەتۇتتەفاسىر»، «ئاياتۇلئەھكام» قاتارلىق تەپسىرلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان.

مۈلۈكلىرىنى ۋە ئىپپەت ــ نومۇسلىرىنى قوغداش ھەممە بۇزۇقچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىشتىن ئىبارەت.

چۈنكى كىشىلەرنىڭ جانلىرىغا، ئىپپەت ــ نومۇسلىرىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيانكەشلىك قىلغان جىنايەتچى ئاللاھ بەلگىلىگەن جازالار بىلەن جازالانسا، بۇ جازا ئۇنى ۋە باشقىلارنى كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ.

## زىنا جىنايىتىنىڭ خەتىرى

زىنا جىنايىتى ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ بىرى، چۈنكى بۇ جىنايەت ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئەۋلادلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، نەتىجىدە كوچىغا تاشلىنىدىغان بالىلار، ھارامدىن بولغان بالىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى بېقىپ تەربىيىلەپ ياخشى ئادەم بولۇشقا ئىگە بولىدىغان ئاتا ـ ئانا بولمىغاچقا، بۇنداق ئىگىسىز قالغان بالىلار كېيىنچە بۇزۇقچىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە جەمئىيەتنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى كۆزلىگەن نىشانلار ئىچىدە بەش زۆرۈر ئاساسنى قوغداش ئاساسى مەقسەت بولۇپ، بۇ بەش زۆرۈر ئاساس: ئەقىل، نەسىل، جان، دىن ۋە مالدۇر. بۇلار ئىنسان سائادىتىنىڭ ئاساسىدۇر.

بۇلارنىڭ بەش ئاساس ياكى زۆرۈر ئاساسلار دەپ ئاتىلىشى شۇ سەۋەبتىنكى، بارلىق قانۇن ۋە ساماۋى دىنلار بۇلارنى قوغداشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنى قوغداشقا كېرەكلىك قانۇنلارنى يولغا قويغان، چۈنكى بۇلار ئىنسانىيەت ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەردۇر.

ئىنسانلار بەلگىلىگەن قانۇن ـ تۈزۈملەر پەقەتلا جان بىلەن مالغا زىيانكەشلىك قىلغانغا جازا بەلگىلىگەن بولسىمۇ، زىنا بىلەن ئەقلىنى يوقىتىدىغان ھاراق ئىچىش جىنايىتىگە جازا بەلگىلىمەي ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ قويغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ جىنايەتلەرنى قىلغانلارغا جازا بەرمىسىمۇ بولىدۇ.

چۈنكى غەرب مەدەنىيىتىدىن تەسىرلەنگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن بۇ جازالارنى قاتتىقلىق ۋە باغرىتاشلىق بىلەن سۈپەتلىشى مۇمكىن، چۈنكى غەربلىكلەر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ زىنا قىلغۇچىغا دەررە ئۇرۇش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى ئەيىبلىشىدۇ ھەممىدە بۇ جازالار بەك ئېغىر، تەرەققىي قىلغان بىر جەمئىيەتكە ۋە دەۋر روھىغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەجبۇرلانماي ئۆز رازىلىقى بىلەن قىلغان زىنا، قانۇن جازالاپ كەتكۈدەك بىر جىنايەت ئەمەس، شۇڭا «كىشىلىك ئەركىنلىك» پرىنسىپى بويىچە زىنا قىلسا ھېچ گەپ يوق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاتا ـ ئانىسىز بالىلار كۆپىيىپ، زىنا ــ پاھىشە يامراپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئوغرىلىق جىنايىتىگە مەلۇم مۇددەت قاماش جازاسىنى بەرسە، ئوغرىلىقنىڭ تەكرارلانماسلىقىغا كۇپايە قىلىدۇ. بۇنداق مەنتىقسىز پەلسەپىنىڭ نەتىجىسىدە جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتى ئۆرلەپ، جىنايەت قوشۇنلىرى كۆپىيىپ كەتتى. تۈرمىلەر خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىقنى بۇزىدىغان ئوغرى ـ قاراقچىلار بىلەن توشۇپ كەتتى.

بۇنداق قانۇن ئاستىدا ئوغرىلىق قىلغانلار تاماق بىلەن كىيىم ـ كېچەك تەييار بولغان تۈرمىدىن باشقا ھېچقانداق جازادىن ئەنسىرىمىگەچكە ئوغرىلىقنى قىلىۋېرىدۇ، ناۋادا تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگە سولانسا، قانۇن بەلگىلىگەن مۇددەتنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈپ جىنايەت سادىر قىلىشقا تېخىمۇ ھېرىسمەن، زىيانكەشلىك قىلىشقا تېخىمۇ ئىقتىدارلىق بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىدۇ.

بۇنى كۈندىن – كۈنگە ئارتىپ كېتىۋاتقان جىنايەتلەر ھەققىدە ئوقۇغان ۋە كۆرگەن ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ھازىر كۆپلىگەن جەمئىيەتلەردە كىشىلەر جان ۋە مېلىنى قوغدىيالمايدىغان دەرىجىدە خاتىرجەمسىز ياشاۋاتىدۇ، كۈپ ـ كۈندۈزدە جىنايەت قوشۇنلىرى پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئەگەر جان – مال ۋە ئىپپەت – نومۇسنى قوغدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھنىڭ قانۇنى ئىجرا قىلىنسا ئىدى، جەمئىيەتلەر بۇنداق قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ شالتىقىدىن تازىلانغان بولاتتى.

## شەرىئەتتە زىنا جىنايىتىگە بەلگىلەنگەن جازا

زىنا دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ جازاسىچۇ؟

زىنا دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى، بارلىق دىنلاردا چەكلەنگەن ھارام جىنسىي مۇناسىۋەتتۇر. شەرىئەتتە بولسا، نىكاھسىز ياكى نىكاھ بار دەپ ئويلاپ قالمىغان ھالدا ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جىنسىي يېقىنلىشىشتۇر.

بۇ ئىش قەبىھلىكتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن پاھىشە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جانابى ئاللاھ «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر» دېدى(ئىسرا سۈرىسى32-ئايەت.)

يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر؟ دەپ سورىسام ماڭا: «ئاللاھ سېنى ياراتقان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ» دېدى، مەن: بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر، ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ يەيدىغىنىمنى يەمدىكىن دەپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈشۈڭ» دېدى، مەن: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى".

جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: «ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ(گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە)ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ» (فۇرقان سۈرىسى68 – ئايەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ قانچىلىك زىنا قىلىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ بولغان، ئادەم بالىسى ئۇنى قىلماي قالمايدۇ، ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، ئىككى قۇلاقنىڭ ئىشىتىش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، پۇتنىڭ زىناسى مېڭىش، كۆڭۈلنىڭ زىناسى خالاش ۋە ئىنتىلىش، بۇلارنىڭ ھەممىنى جىنسىي ئەزاسى تەستىقلايدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە زىنا ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، قاراش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش، قۇلاق سېلىش، ئاياللار بىللە ئولتۇرۇش ۋە بۇ جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق ئازدۇرۇش قۇراللىرى بۇ جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردۇر. دېمەك، زىنا دېگەن پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەتلا بولماستىن، بەلكى ھەر بىر تۇيغۇ ئەزاسى قاراش، تۇتۇش، پىچىرلاش، قۇلاق سېلىش ۋە خالىي ئورۇندا بىللە ئولتۇرۇش ئارقىلىق بۇ جىنايەتكە ئېلىپ بارىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى زىنانىڭ سەۋەبلىرى بولغاچقا قۇرئان كەرىم بۇ جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن. دېمەك، بۇ زىنا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللارنى چەكلىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا، «زىنا قىلماڭلار» دېمىدى، بەلكى «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» دېدى.

## زىنا جىنايىتىنىڭ جازاسى نېمە؟

ئىسلام شەرىئىتى زىنا جىنايىتىگە ئىككى تۈرلۈك جازا بەلگىلىگەن:
بىرىنچىسى يەڭگىل جازا بولۇپ، زىنا قىلغۇچى توي قىلمىغان بولسا 100 دەررە ئۇرۇشتىن ئىبارەت.
ئىككىنچىسى ئېغىر جازا بولۇپ، زىنا قىلغۇچى توي قىلغان كىشى بولسا ئۆلگىچە چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ. چۈنكى توي قىلغان زىناخورنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ قەبىھ بولۇپ، بۇ جىنايەت بىلەن نەسەبلەر بۇلغىنىپ كېتىدۇ، مال ـ مۈلۈكتىن قىممەتلىك بولغان ئىپپەت ـ نومۇس دەپسەندە قىلىنىدۇ.
ئەمما بىرى توي قىلغان يەنە بىرى توي قىلمىغان بولسا، توي قىلغانغا چالما- كېسەك جازاسى، توي قىلمىغانغا بولسا دەررە جازاسى بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى يوق.

## زىنا جازاسىنى ئىككى تۈرگە ئايرىشنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ توي قىلغان كىشى بىلەن توي قىلىپ باقمىغان كىشىگە بېرىدىغان جازانى ئىككىگە ئايرىشىدىكى سەۋەب، ئۆيلەنگەن بىر كىشىنىڭ ئېرى بار بىر ئايال بىلەن قىلغان زىنا جىنايىتى تېخى توي قىلىپ باقمىغان بىر يىگىتنىڭ بىر قىز بىلەن قىلغان زىنا جىنايىتىدىن قەبىھرەك ۋە خەتەرلىكرەك بولغانلىقىدىندۇر. چۈنكى توي قىلغان كىشىنىڭ بۇ قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان پەسكەشلىك بىلەن جىسمانىي زىيانكەشلىكتىن ھالقىپ ئىنسانىنىڭ نامىغا، ئىززەت ـ نومۇسىغا ۋە نەسەبنى بۇلغاشقا ئۆتۈپ كەتكەن. دېمەك، ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالنىڭ ئېرىگە نەسەبنى بۇلغاش ئارقىلىق زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى قۇتۇلالمايدىغان ئار- نومۇس كەلتۈرۈشى ئىنتايىن قەبىھ ئىش بولغاچقا، بۇنىڭ جازاسىمۇ ئىنتايىن قاتتىق ۋە قوپال جازا بولغان، ئۇ بولسىمۇ چالما- كېسەك قىلىش جازاسىدۇر.

## دەررە ئۇرۇش جازاسى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن سابىتتۇر

دەررە جازاسى بولسا توي قىلمىغان ئەر ـ ئاياللارغا قۇرئاننىڭ كەسكىن ۋە ئېنىق ئايەتلىرى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلانغان، جانابى ئاللاھ نۇر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ(ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا)ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن» (نۇر 2 ـ ئايەت.)
يۇقىرىقى ئايەتتە زىنا قىلغۇچى ئايالنىڭ زىنا قىلغۇچى ئەردىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، زىنادا ئادەتتە ئاياللارنىڭ رولى چوڭراق بولىدۇ، مەسىلەن، ئاياللار يېرىم يالىڭاچ گىرىم قىلىپ ياسىنىپ، ھەر خىل بوياق، ئەتىر، تار كىيىم ۋە سۇيۇق يۈرۈش- تۇرۇشلار ئارقىلىق يىگىتلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ئاياللارنىڭ رازىلىقى بولمىغان بولسا بۇ جىنايەت سادىر بولمىغان بولاتتى، شۇڭا ئايال كىشى بۇ ئايەتتە ئەركىشىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە كەلسەك، دەررە جازاسى كەڭ تارقالغان مەشھۇر ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان، بۇلاردىن تۆۋەندە بىرقانچىسىنى بايان قىلىمىز:
ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولسا چىرايى ئۆڭۈپ كېتەتتى، بىر كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا

ۋەھـي نازىـل قىلىنغـان ئىـدى، ئۇنىـڭ چىرايـى ئۆزگـۈرۈپ كـەتتى، ۋەھـي نازىـل بولـۇپ بولغانـدىن كېيىن مۇنـداق دېـدى: «مەنـدىن بىلىـۋېلىڭلار! مەنـدىن بىلىـۋېلىڭلار! ئـاللاھ زىنـا قىلغـۇچىلار توغرۇلـۇق جازا بەلگىلىـدى، توي قىلمىغانلار زىنا قىلسا يۈز دەررە بىلەن بىر يىل پالىنىدۇ.»

ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە ئۇ مۇنـداق دېگـەن: ئـەئرابىيلاردىن بىـرى بىـر كىشـى بىلـەن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئالـدىغا كېلىـپ مۇنـداق دېـدى: ئاللاھنىـڭ ھـەققى ـ ھۆرمىتى بىلـەن شۇنى سـورايمەنكى، ماڭـا ئاللاھنىـڭ كىتـابى بويىچە ھۆكـۈم قىلىـپ بەرگەيسـەن. ئىككىنچـى تـەرەپ بولغـان كىشـى بىلىملىكـرەك بولـۇپ، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا مۇنـداق دېـدى: شـۇنداق ئـى رەسـۇلۇللاھ، ئوتتـۇرىمىزدا ئاللاھنىـڭ كىتـابى بىلـەن ھۆكـۈم قىلغىـن، ماڭـا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «سۆزلە» دېدى. ئۇ ئى رەسـۇلۇللاھ، مېنىـڭ ئوغلۇم بۇنىڭ قېشىدا كۈنلۈك ئىشلەيتتى، ئوغلۇم بۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ، مەن كىشـىلەردىن بالامغا چالما ـ كېسەك جازاسى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئادەمگە يۈز قوي بىلـەن بىر دېـدەك بېرىـپ ئاغزىنى ئەتتىم، كېيىن ئالىملاردىن سورىسام بالامغا يۈز دەررە بىلەن بىر يىـل پالاش جازاسى، بۇنىـڭ ئايالىغا بولسا چالما ـ كېسەك جازاسى كېلىـدۇ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېدى: «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئوتتۇراڭلاردا ئاللاھنىـڭ ھۆكمى بىلـەن ھۆكـۈم قىلماي قالمايمەن، دېـدەك بىلـەن يۈز قوي ساڭا قايتىـدۇ، سېنىڭ ئوغلۇڭغا يۈز دەررە بىلـەن بىر يىـل پالاش جازاسى بېرىلىدۇ، ئى ئۇنەيس ماۋۇ ئادەمنىڭ ئايالىغا بېرىـپ سورىغىن، ئېتىراپ قىلسا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىـن.» ئۇنـەيس پـەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلـەن ھېلىقـى ئايالنىـڭ قېشىغا بېرىـپ سورىغان ئىـدى، ئايـال ئېتىـراپ قىلـدى، شـۇنىڭ بىلـەن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇيرۇق قىلىـۋىدى، ھېلىقـى ئادەمنىڭ ئايالى چالما ـ كېسەك قىلىندى.

بۇ ھەدىسـتىن شـۇ چىقىـپ تۇرۇپتۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ھېلىقـى يىگىتكە ئۆيلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن دەررە جازاسى بەرگەن، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىمىغان.

بۇ يەردە شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاپارمەننى ھېلىقى ئايالنى ئىقرار قىلدۇرۇشقا ئەۋەتمىگەن، بەلكى ئۇنىڭغا، سىزگە تۆھمەت قىلغانلار بار، يا ئۆزىڭىزنى ئاقلايسىز ۋە تۆھمەت قىلغۇچىغا قارا چاپلاش جازاسى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىسىز، ياكى قىلمىشىڭىزنى ئېتىراپ قىلىسىڭىز سىزگە جازا ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «چۈنكى زىنا جىنايىتىنى ئىسپاتلاشتا ئۇنچىۋالا ئىنتىلىپ كوچىلاش كېرەك ئەمەس، بەلكى تېخى زىنا قىلغۇچى ئىقرار قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا يېنىۋېلىشنى سېلىپ بېرىش مۇستەھەبتۇر.»

## چالما ـ كېسەك جازاسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان

چالمـا ـ كېسـەك جازاسـى بولسـا پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سۈننىتى يـەنى سـۆزلىرى، ئىـش ـ ھەرىكـەتلىرى ۋە بـۇيرۇقلىرى بىلـەن ئىسپـاتلانغان بولـۇپ، بـۇ ۋەقەلـەر شـەك ـ شـۈبھە ئېھتىمـالى يـوق دەرىجىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ رىۋايىتى بىلەن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردە سابىتتۇر.

مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىزغا، غامىدىييە جەمەتىدىكى ئايالغا ۋە ئەئرابىينىڭ ئايالىغا چالما ـ كېسـەك جازاسـىنى ئـەمرى قىلغـان، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ راشـىد خەلىپىلىرى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ توي قىلغانلاردىن زىنا جىنايىتىنى سادىر قىلغانلارغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلغان ھەمدە توي قىلغان كىشىلەرنىڭ زىنا جىنايىتىگە چالما ـ كېسەك جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم جاكارلىغان، بۇنىڭغا ساھابىلار ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلار بىردەك ئىتتىپاقلا كەلگەن. پەقەت خاۋارىجلاردىن ئاز بىر تائىپىلا مۇسۇلمان جامائىتىگە قېتىلمىغان، ھازىرقى ئەسىرىمىزدە بولسا زىنا ۋە ھايۋانىي شەھۋەت

پاتقىقىغا پاتقان ياۋروپالىقلار چالما ـ كېسەك جازاسىنى قاتتىق ۋە ھازىرقى مەدەنىيلەشكەن دەۋر روھىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان جازا دەپ قارىغاچقا غەربلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىسلام دىنى قېلىپىدىن چىققان ئازغۇن بىر گۇرۇپ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بارلىق مۆمىنلەرنىڭ تۇتقان يولىغا قارشى چىقىپ چالما ـ كېسەك جازاسىنى رەت قىلماقتا.

## چالما ـ كېسەك جازاسىنىڭ دەلىللىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن بولسا ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن بىلىۋېلىڭلار! مەندىن بىلىۋېلىڭلار! ئاللاھ زىنا قىلغۇچىلار توغرۇلۇق جازا بەلگىلىدى، ئۆيلەنمىگەن يىگىت قىز بىلەن زىنا قىلسا يۈز دەررە بىلەن بىر يىل پالىنىدۇ، توي قىلغانلار زىنا قىلسا يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ ئاندىن چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ.»

ئەئرابىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان كىراكەشنىڭ ۋەقەسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئۇنەيس ماۋۇ ئادەمنىڭ ئايالىغا بېرىپ سورىغىن، ئېتىراپ قىلسا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىن.» ئۇنەيس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېلىقى ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىغان ئىدى، ئايال ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇق قىلىۋىدى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئايالى چالما ـ كېسەك قىلىندى.

مەشھۇر مائىز ۋەقەسى بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «مەسجىدتىكى چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردى ۋە ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم دېدى، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىۋالدى، ئۇ ئادەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: مەن زىنا قىلدىم دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە يۈزىنى ئۆرىۋالدى، شۇنداق قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ: «سەن ساراڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ: ياق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيلەنگەنمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ھەئە دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۇنى ئېلىپ بېرىپ چالما ـ كېسەك قىلىڭلار» دەپ بۇيرىدى، ھەزرىتى جابىر: مەن ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغانلار قاتارىدا ئىدىم، ئۇ چالمىنىڭ ئازابىدىن قىينالغاندا قاچتى، بىز ئۇنى قوغلاپ چالما ـ كېسەك قىلدۇق، دەيدۇ.

چالما ـ كېسەك قىلىنغان بۇ كىشى مائىز دېگەن كىشىدۇر، ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن بەلكى سۆيگەنسەن ياكى قارىغانسەن» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا يېنىۋېلىشنى سېلىپ بېرىۋاتقاندەك سۆزلەرنى دېگەن، ئۇ زىنا قىلغانلىقىنى ئېنىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنغان، ئۇ تاشنىڭ زەربىسىگە چىدىماي قاچماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنى قويۇپ بەرسەڭلار بولمامتى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغانلىقتىن ھەم ئۇنى رەسۋا قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرىۋالغان.

ئىمام مۇسلىم يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلغان: «مائىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ مېنى پاكلىغىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «نېمە دەۋاتىسەت؟ قايتىپ ئاللاھقا تەۋبە قىل ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىن» دېدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ كەتتى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قايتا كېلىپ: مېنى پاكلىغىن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇنىڭغا: «قايتىپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىن» دەۋەردى، تۆت قېتىمدىن كېيىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن: «بۇ ساراڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئەتراپىدىكىلەر: ئۇ ساراڭ ئەمەس دېيىشتى، «ھاراق ئىچتىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئەتراپىدىكىلەر: ياق دېيىشتى، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «زىنا قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ ھەئە دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چالما - كېسەك قىلىنىشقا بۇيرۇلدى ۋە بۇ جازا ئۇنىڭغا ئىجرا قىلىندى. كىشىلەر ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «مائىزغا مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، بىر مىللەتكە تارقىتىپ بەرسە ئۇنىڭ تەۋبىسى يېتىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۈنەن» كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان مائىز كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايالغا ھارام يېقىنلاشقانلىقىنى تۆت قېتىم ئىقرار قىلدى، ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرىۋالدى، بەشىنچى قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ھەئە دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرمە قەلىمى سۈرمە قوتىسىغا، چېلەك قۇدۇققا كىرگەندەكمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ھەئە دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «زىنانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى، ئۇ: ھەئە، ئەر كىشى ئايالى بىلەن ھالال قىلىدىغان ئىشنى ئۇ ئايال بىلەن ھارام ھالەتتە قىلدىم دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «بۇ سۆزنى قىلىشتىن مەقسىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: مېنى پاكلىشىڭنى مەقسەت قىلدىم دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ چالما - كېسەك قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى كىشىلەردىن ئىككەيلەننىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى، ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىگە: ماۋۇ ئادەمگە قاراڭلار، ئاللاھ ئۇنى يۆگەپ رەسۋا قىلمىغان تۇرۇقلۇق يەنە كۆڭلى ئۇنىماي ئىتلارچە چالما - كېسەك قىلىنغىنىنى دەۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىرنەرسە دېمىدى، بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن بىر ئىشەكنىڭ قورسىقى ئىششىپ تۆت پۇتى تىك بولۇپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پالانى پالانىلار قېنى؟» دېۋىدى ئۇلار: بىز مانا ئى رەسۇلۇللاھ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ ئىشەكنىڭ تاپىدىن يەڭلار» دېدى، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، قانداق ئادەم بۇنى يەيدۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «باياتىن قېرىنداشىڭلارغا تەككۈزگەن تىل - ھاقارەت بۇنى يېگەندىنمۇ ئېغىر، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھازىر جەننەتنىڭ دەريالىرىدا چۆمۈلىۋاتىدۇ» دېدى.

زىنا مەسىلىسى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھتىماللىق سۆزلەر بىلەنلا قالماي نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن تەپسىلىي سوراپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چالما - كېسەك قىلغان غامىدى جەمەتىدىن چىققان ئايالنىڭ ۋەقەسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە چالما - كېسەك قىلىش جازاسىنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغانلىقىغا ئەڭ چوڭ دەلىل بار، بۇ دەلىل ئەلبەتتە كۇپايە قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە جۇھەينە قەبىلىسى غامىدى جەمەتىدىن بىر ئايال كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلىغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ ئايالنى قايتۇرىۋەتتى، ئەرتىسى ئۇ ئايال كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرىۋېتىسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن زىنادىن ئېغىر ئاياقمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تۇغۇپ بولغىچە قايتىپ تۇرغىن» دېدى، ئايال بالىنى تۇغقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بالىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىغىچە ئېمىتىپ تۇرغىن» دېدى، بالىنى ئەمچەكتىن

ئايرىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان بار ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىپ بولدۇم دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن جازانى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئۇ ئايالغا مەيدىسى بويلىغۇدەك ئورەك كولاندى ۋە چالما ـ كېسەك قىلىندى، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يۈزىگە ھېلىقى ئايالنىڭ قېنى چاچرىغان ئىدى، ئۇ ئايالنى تىللىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خاپا بولدى ۋە خالىدنى تىللاشتىن توستى، ئاندىن ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى، بۇنى كۆرۈپ ھەزرىتى ئۆمەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بۇ ئايال زىنا قىلغان تۇرسا نامىزىنى چۈشۈرەملا؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بۇ ئايال شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، مەدىنە ئاھالىسىدىن يەتمىش كىشىگە تەقسىم قىلىنسا ئۇنىڭ تەۋبىسى يېتىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغاندىنمۇ كاتتا تەۋبە كۆردۈڭمۇ؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەر ۋە بىر ئايال يەھۇدىيغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلغان، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى توي قىلغان كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكى بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان: «يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلاردىن بىر ئەر بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «چالما ـ كېسەك قىلىشتا تەۋراتتا قانداق ھۆكۈم بار؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: زىنا قىلغانلارنى رەسۋا قىلىپ دەررە ئۇرۇش بار دەپ چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىشتى، بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇلارغا: يالغان ئېيتتىڭلار، تەۋراتتا چالما ـ كېسەك قىلىش بار دېدى، يەھۇدىيلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاچتى، ئۇلاردىن بىرى چالما ـ كېسەك ئايىتىنى قولى بىلەن باسۇرۇۋېلىپ ئالدى ــ ئارقىنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇنىڭغا: قولۇڭنى كۆتەر دېۋىدى، ئۇ يەھۇدىي قولىنى كۆتەردى، قارىسا قولىنىڭ ئاستىدىكى چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى ئىكەن، شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى يەھۇدىيغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: مەن ئۇ ئەر كىشىنىڭ ئايالنى چالمىدىن توسۇپ دالدا بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، دەيدۇ.»

ئىمام مۇسلىمنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن ئاللاھنىڭ بۇ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇلار: ئىچىمىزدىكى ئېسىلزادىلەردە زىنا جىنايىتى كۆپ سادىر بولۇپ كەتتى، بىز ئېسىلراق بىر ئادەم زىنا قىلسا قويۇۋېتىپ، پەس ئادەم زىنا قىلسا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق، ئاخىرى ئېسىل بولسۇن پەس بولسۇن ھەممە ئادەمگە بىر خىل جازا بېرەيلى دېيىشىپ يۈزىگە قارا سۈۋاپ دەررە ئۇرۇشنى چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنىڭ ئورنىغا قويدۇق دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى ئاللاھ ئۇلار سېنىڭ ھۆكمىڭنى بىكار قىلغان ئىكەن، مەن بىرىنچى بولۇپ ھۆكمىڭنى ياشارتقان كىشىمەن» دېدى ۋە ئىككى يەھۇدىيغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلدى.

يۇقىرىقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى بولغان سۈننەتتىن كەسكىن ئىسپاتلانغان نەمۇنىلەر، بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توي قىلغان كىشىلەر زىنا جىنايىتى قىلغاندا چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ۋە چالما ـ كېسەك قىلغانلىقىغا دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ دەلىللەر نۇرغۇن كىشىلەر ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن، ئۇنىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ۋە ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان چاغلاردىمۇ چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلغان، بۇ جازانى ئىجرا قىلىشقا بارلىق ساھابىلار بىردەك ئىتتىپاقتا كەلگەن، بۇ شەك قىلغىلى بولمايدىغان بىر تارىخىي ھەقىقەت. چالما ـ كېسەك

قىلىش مۇشۇنداق كەسكىن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى ئالىم سانىۋالغان بەزى مەتۇھلارنىڭ چالما ـ كېسەك ھۆكمىنى ئىنكار قىلغىنى قانداق دېگەن گەپ؟

### ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يىراقنى كۆزلەپ سۆزلىگەن نۇتقى

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاغزىغا ۋە دىلىغا ھەقنى سالاتتى، ھەزرىتى ئۆمەر كېيىن كېلىدىغان چالما ـ كېسەك ھۆكمىنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئاللاھنىڭ كەسكىن ھۆكمى ۋە چەك ـ چېگرىسىغا قارشى چىقىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە ساھابىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلارغا بۇنداق كىشىلەرنىڭ يامان نىيىتى ۋە ئازغۇنلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، مەسجىد مۇنبىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ئايەتلەر ئىچىدە چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى بار ئىدى، بىز ئۇنى ئوقۇپ چۈشەندۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ چالما ـ كېسەك قىلدى، بىزمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن چالما ـ كېسەك قىلدۇق، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم شۇكى، ۋاقىت ئۇزىغانسىرى بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتىنى تاپالمىدۇق دەپ ئاللاھ نازىل قىلغان بىر پەرز ھۆكۈمنى تاشلاپ ئېزىپ كېتىپ قالارمۇ؟ توي قىلغان ئەر ياكى ئايال زىنا قىلسا ئۇلارنىڭ زىنا جىنايىتى گۇۋاھچىلار بىلەن ياكى قورساقتا قېلىش بىلەن ياكى ئىقرار قىلىش بىلەن ئىسپاتلانسا ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش بار» بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مانا بۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنى ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغانلارغا بەرگەن تولۇق رەددىيىسى.

### زىنا جىنايىتى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟

زىنا جىنايىتى ئىككى يول بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىسپات ـــ بۇ ئىسپات دىيانەتلىك، راستچىل ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن تونۇلغان تۆت ئەركىشىنىڭ يات ئايال بىلەن قېلىچ غىلاپىقا كىرگەندەك ئېنىق زىنا مۇناسىۋىتى قىلغانلىقىنى كۆردۇق دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئىبارەت.

بۇ گۇۋاھلىقتا بىز بۇلارنى بىر ئۆيدە ياكى بىر كارىۋاتتا كۆردۇق دېگەندەك ئېھتىماللىق سۆزلەر يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرگەن بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېنىق زىنا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت. چۈنكى ھەدىستە: «كۆن نۇرىدەك ئېنىق ئىشقا گۇۋاھلىق بەر» دەپ كۆرسىتىلگەن.

(بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا نىكاھسىز ھالەتتە ھامىلدار بولۇشمۇ زىنا جىنايىتىگە ئىسپات بولىدۇ).

ئىقرار ـــ بۇ ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق ئىقرار قىلىشى بولۇپ، بۇ ئىقرارنى تۆت قېتىم تۆت سورۇندا تەكرارلايدۇ.

ئىقرار دېگەن دەلىل- ئىسپاتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ۋە ئەڭ ئېنىقىدۇر، چۈنكى ئىنسان دەررە ئۇرۇش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىشتەك ئېغىر جازاغا راستچىل بولمىسا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ بەرمەيدۇ.

فەقىھلەر مۇنداق دېگەن: «زىنا جىنايىتىگە جازا ئىجرا قىلىدىغان سوتچى، بەلكى سەن سۆيگەنسەن، بەلكى تۇتقانسەن ياكى ئويناشقانسەن دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جىنايەتتىن گۇماندارنىڭ يېنىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى مۇستەھەبدۇر، مائىز زىنا جىنايىتىدىن تازىلىنىش ئۈچۈن كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق قىلغان.»

### مائىزنىڭ ۋەقەسى

ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتائ» ناملىق كىتابىدا سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشى ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ئەسسىددىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتتى، ئەبۇ بەكر ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى مەندىن باشقا بىركىمگە ئېيتتىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ ياق دېدى، ئەبۇ بەكر، ئاللاھقا تەۋبە قىل، ئاللاھ يۆگىگەندىن كېيىن بۇنى دەپ يۈرمە، ئاللاھ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەبۇ بەكرنىڭ مەسلىھەتىگە تازا خاتىرجەم بولالماي، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئەبۇ بەكرگە دېگەندەك دېدى، ئۆمەرمۇ ئۇنىڭغا ئەبۇ بەكردەك جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئارام تاپماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئۈچ قېتىم يۈزىنى ئۆرىۋالدى، ھەر قېتىمدا يۈزىنى ئۆرىۋالسا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدا ساراڭلىق بار ياكى يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى، ئۇلار ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يەنە ئۇنىڭ ئۆيلەنگەن ياكى ئۆيلەنمىگەنلىكىنى سورىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئۇ چالما - كېسەك قىلىندى.

يەنە ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: مائىز ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ زىنا جىنايىتى قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بەلكى سەن سۆيۈپ قويغانسەن، ياكى قاراپ قويغانسەن؟» دېدى، ئۇ ياق ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنداق ئەمەس، مەن زىنا قىلدىم دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بىلەن جىما قىلدىڭمۇ؟ )) دەپ ئېنىق سورىدى، ئۇ ھەئە دېدى، شۇندىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

### گۇۋاھچىلارنىڭ ئەر كىشى بولىشىنى شەرت قىلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جانابى ئاللاھ بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ جىنايىتىنى بۆشىكىدە كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن گۇۋاھچىلارنىڭ ئەر كىشى بولىشىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ تۆت بولىشىنى شەرت قىلغان، «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى(ئىسپاتلاش ئۈچۈن)ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار» (نىسا سۈرىسى 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) چۈنكى توغرا دىيانەتلىك تۆت ئەر كىشىنىڭ بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ زىنا قىلىۋاتقىنىنى كۆرەلىشىنى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەتلا ئۇ ئىككىسى ھايۋانلاردەك يول ئۈستىدە ئاشكارا زىنا قىلغان بولسىلا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى كۆرىشى مۇمكىن بولىدۇ، دېمەك، بۇ شەرتنى قويۇشتىكى مەقسەت جىنايەتنى چەكلەش ۋە كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش، جىنايەتنى جايىدا يوق قىلىۋېتىپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئىجرا قىلىنغان دەررە ياكى چالما - كېسەك قىلىش جازالىرى جازالانغانلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ پاكلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن ئىقرار قىلىش بىلەن ئىسپاتلانغان زىنا جىنايەتلىرىگە قارىتا ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلانمىغان، چۈنكى تۆت ئەر كىشىنىڭ بۇنداق بىر جىنايەتنى كۆرىشى ئىنتايىن تەس، بەلكى ئىتلاردەك يوللاردا شۇنداق قىلسا كىشىلەر ئېنىق كۆرىشى مۇمكىن. دېمەك، ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنى زىنا جىنايىتىدە قوبۇل قىلماسلىقنىڭ ھېكمىتى جىنايەتنى ئىلاج بار يۆگەپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ تارقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن راست ئېيتقان:

«مۆمىنلەر ئۆستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى)بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» (نۇر سۈرىسى 19 - ئايەت).

مۆمىن كىشىلەر بۇنداق جىنايەتنى قىلىپ سالغاندا ئاللاھقا راستچىل تەۋبە قىلىپ ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا بەل باغلىشى، جىنايەتنى ئىپلا ن قىلىپ ئۆزىنى رەسۋا قىلماسلىقى كېرەك، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىشىگە قاراپ باقايلى: ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتائ»دا رىۋايەت قىلىشچە، بىر كىشى ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، بۇ كىشى تېخى ئۆيلەنمىگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامچا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ ئۇنى يۈز قېتىم قامچىلاشقا بۇيرىغان، ئۇ قامچىلانغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەرنىڭ ئەمدى ھارام ئىشلارنى تاشلايدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى، كىم بۇنداق پاسكىنا ئىشلاردىن بىرىنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۆزىنى رەسۋا قىلمىسۇن، چۈنكى بىزگە كىم ئىقرار قىلىپ كەلسە ئۇنىڭغا ئاللاھ بەلگىلىگەن جازانى ئىجرا قىلىمىز.» ئىمام تىرمىزىي ھەزرىتى ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سورۇندا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالا غا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، ئوغۇرلۇق قىلماسلىققا ۋە زىنا قىلماسلىققا ماڭا قول بېرىڭلار» دەپ مۇمتەھىنە سۈرىسىنىڭ ئون ئىككىنچى ئايىتىنى[2] ئوقىدى ۋە «قايسىڭلار سۆزىدە تۇرسا ئاللاھ ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، كىمكى ئۇ گۇناھلاردىن بىرىنى قىلىپ سېلىپ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتسا ئۇ جازا ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيىۋېتىدۇ، كىمكى ئۇ گۇناھلاردىن بىرىنى قىلىپ سېلىپ ئاللاھ ئۇنى يۆگىگەن بولسا ئۇنى ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ، خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرىۋېتىدۇ.» ئىمام شافىئى مۇنداق دەيدۇ: بىر گۇناھ قىلىپ سالغان كىشىنى ئاللاھ يۆگىگەن بولسا ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلماي جانابى ئاللاھقا راست تەۋبە قىلغىنى ياخشى دەپ قارايمەن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكر ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭمۇ بىر ئادەمنى ئۆزىنى رەسۋا قىلماسلىققا بۇيرىغانلىقى مەلۇم.

## چالما - كېسەك جازاسى قاچان ئىجرا قىلىنىدۇ؟

چالما - كېسەك جازاسى پەقەتلا توي قىلغان كىشىگىلا بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، بۇ جازا بېرىلىدىغان كىشى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى تولۇقلىغاندا ئاندىن بۇ ئېغىر جازاغا لايىق بولىدۇ:

1 - توي قىلغان بولىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «توي قىلغان بولسا» دېدى.

2 - نىكاھنى شەرئىتكە ئۇيغۇن، توغرا قىلغان بولىشى كېرەك. نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا توي قىلغانلاردىن ھېساپلانمايدۇ.

3 - نىكاھ ھالەتتە ئۆتكۈزگەن جىنسى مۇناسىۋەت ئالدى تەرەپ بىلەن بولغان بولىشى كېرەك. باشقا يەرگە قىلىش ھارام ئىشلاردىن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلاردىن ھېسابلانمايدۇ.

4 - ئەركىن ئادەم بولىشى كېرەك، ئەگەر قۇل بولسا توي قىلغان ھالەتتە زىنا قىلسىمۇ 50 دەررىلا ئۇرىلىدۇ، چالما - كېسەك قىلىنمايدۇ، بۇ ھەقتە ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

---

[2]«ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز باللىرىنى نۇمۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت بەرگىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»

5 ـ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى هوٗشى جايىدا بولىشى كېرەك، چۈنكى بۇلار مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسىدۇر، بوٗ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مائىز هەققىدە كىشىلەردىن ئوٗ ساراڭموٗ؟ دەپ سورىغاندا كىشىلەر ياق، دەپ جاۋاب بەرگەن، كېيىن ئوٗ زىنا قىلغانلىقىنى توٚت قېتىپ ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئوٗنىڭغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلغان.

هەدىس شەرىفتىموٗ موٗنداق دەپ كوٚرسىتىلگەن: «ئۈچ توٚرلۈك كىشىگە گوٗناه يېزىلمايدوٗ، ئوٗخلىغان ئادەم تاكى ئويغانغانغا قەدەر، سەبي بالا بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر، ساراڭ ئوٚگشالغانغا قەدەر.»

«موٗلتەقەل ئەبهوٗر» دېگەن كىتابتا موٗنداق دەپ كوٚرسىتىلگەن: چالما ــ كېسەك قىلىشتا توي قىلغان، دەپ هېسابلىغان ئادەمدە ئەركىنلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق، (ئەقىل ۋە بالاغەتكە يېتىش)، موٗسوٗلمانلىق، توغرا شەرئىي نىكاه بىلەن جىنسىي موٗناسىۋەت ئوٚتكۈزگەن، ئوٚتكۈزگەن جىنسىي موٗناسىۋەت ئالدى تەرەپتىن بولغان بولىشى شەرت قىلىنىدوٗ، توي قىلغان ئادەم زىنا جىنايىتى سادىر قىلسا بوٗنىڭ جازاسى ئوچوٗق مەيداندا ئوٚلگىچە چالما ـ كېسەك قىلىشتوٗر. توي قىلمىغان كىشى بولسا جازاسى يۈز دەررە ئوٗرۇش، قوٗل بولسا جازاسى ئەللىك دەررە ئوٗرۇشتوٗر، ئوٗرىدىغان دەررىدە دومباق يەرلەر بولماسلىقى، ئوٗرغاندا يۈزى، بېشى ۋە جىنسىي ئەزاسىدىن باشقا هەممە ئەزىسىغا تەگشەپ ئورتاهال ئوٗرۇش كېرەك، ئەرلەر ئوٚرە توٗرغان هالەتتە، ئاياللار ئوٚلتوٗرۇپ كىيىمى سالدوٗرۇلمىغان هالەتتە ئوٗرۇلىدوٗ، چالما ـ كېسەكتە ئاياللار ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئورا كولاپ چالما ـ كېسەك قىلىنىدوٗ، ئەرلەرگە ئوٗنداق قىلىنمايدوٗ.

## زىنا قىلغوٗچى زىنا ئىقرارىدىن يېنىۋالسا قانداق بولىدوٗ؟

زىنا قىلغان كىشى جازانى باشلاشتىن بوٗروٗن ياكى جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا بولسوٗن ئىقرارىدىن يېنىۋالسا ئوٗنى قويوٗپ بېرىش كېرەك، چۈنكى بوٗ جازا ئوٗنىڭ ئوٚز ئىقرارى بىلەن ئىسپاتلانغان بولغاچقا ئىقرارىدىن يېنىۋالسا ئوٗنىڭدىن جازا كوٚتوٗرۈلۈپ كېتىدوٗ، بوٗ خوٗددى گوٗۋاهلىق بىلەن ئىسپاتلانغان جىنايەتتە گوٗۋاهچىلار يېنىۋالسا جازا كوٚتوٗرۈلۈپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىشتوٗر، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مائىزنىڭ ۋەقەلىكىدە موٗشوٗ مەسىلىگە ئىشارەت قىلغان، ۋەقەلىكتە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساهابىلارنى ئوٗنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بوٗيرىغاندا مەدىنىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىلىپ چالما ـ كېسەك قىلىنغان، ئوٗ چالما ـ كېسەكلەرنىڭ ئاغرىقىنى تېتىغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ قاچقان، قېچىۋېتىپ قولىدا توٚگىنىڭ كاللا سوٚڭىكى بار بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئوٚتكەندە ئوٗ ئادەم مائىزنى قولىدىكى سوڭەك بىلەن ئوٗرغان، موٗشوٗنداق قىلىپ كىشىلەر ئوٗنى ئوٚلگىچە ئوٗرغان، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئوٗنىڭ ئوٚلگىلى تاس قالغاندا قاچقانلىقىنى ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئوٗنى قويوٗۋەتسەڭلار بولماسمىدى» دېگەن.

## گوٗمان بىلەن جازانى توختىتىش

ئىسلام شەرئىتى جازانى ئازايتىش ۋە ئېغىر جازالاردا ئېهتىيات قىلىش ئۈچۈن ئوغرىلىقتا بولسوٗن، زىنادا بولسوٗن ياكى ئوٗنىڭدىن باشقا جىنايەتلەردە بولسوٗن ئەقەللىي گوٗمان توٗغوٗلغان ئەهۋالدا بەلگىلەنگەن جازالارنى كوٚتوٚرۈۋېتىشنى تەشەببوٗس قىلغان. چۈنكى جىنايەت سادىر قىلغان كىشىنىڭ بەلكى بىز بىلمەيدىغان جىنايەتكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىنايەت قىلىپ سالغان بولىشى موٗمكىن، مەسىلەن، ئوغرىلىق قىلغان كىشىگە ئاچلىق تۈرتكە بولغان بولىشى، زىنا جىنايىتى سادىر قىلغان ئايال كىشى ئوٗ جىنايەتنى بېسىم ئاستىدا زورلوٗق بىلەن قىلىپ سالغان بولىشى ئېهتىمال، گوٗۋاهسىز نىكاه قىلىپ ئوٚيلەنگەن كىشىگە زىنا جازاسى بېرىلمەيدوٗ. دېمەك، موٗشوٗنىڭغا ئوخشاش هەر

تۇرلۇك گۇمان ئىپتىماللىقلار بولسا جازا بىكار قىلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا زىنا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ كەلگەنلەرگە: «بەلكى سەن تۇتۇپ باققانسەن، ياكى سۆيگەنسەن، ياكى قارىغانسەن؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ياندۇرغان، ئىقرارىدا چىڭ تۇرۇپ كۆزىگە كىرىۋالغاندا ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىش ئارقىلىق گۇناھ قىلغانلارنى ئۆزىنى رەسۋا قىلماي، راست تەۋبە قىلىشقا، سوتچىلارنى ئېغىر جازالارنى ئىجرا قىلىشتا ئالدىراپ كەتمەسلىك ۋە ئېنىق تەكشۈرۈشكە يول كۆرسەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بەلگىلەنگەن ئېغىر جازالارنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە مۇسۇلمانلاردىن كۆتۈرىۋېتىڭلار، قانداق بىر چىقىش يولى بولسا ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، سوتچىنىڭ كەچۈرۈم قىلىپ خاتالىشىشى جازالاشتا خاتالىشىشىدىن ياخشىراق.»

## گۇۋاھچىلارنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

زىنا نەسەب ۋە ئىپپەتكە زىيان ئۇرىدىغان ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر بولغاچقا ئىسلام شەرىئىتى گۇۋاھچىلاردا بىر قانچە مۇھىم شەرتلەرنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قىلغان، بۇ شەرتلەردىن مەقسەت بۇگۇناھ كىشىلەرنى قارىلايدىغان، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى رەسۋا قىلىدىغان تۆھمەتخورلارغا يول قويماسلىق ئىدى. شۇڭا ئاياللار ئىچىدە ئۆزئارا كۆنلەش مەسىلىسى ئېغىر بولغاچقا زىنا جىنايىتىدە ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمىغان ھەمدە گۇۋاھچىلاردا تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىگەن:

1 - گۇۋاھچىلارنىڭ سانى تۆت بولۇش، ھەممىسى بىر سورۇندا توپلاشقان ھالەتتە گۇۋاھلىق بېرىشى، بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالا نىڭ، «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار» دېگەن سۆزىدۇر، (نىسا سۈرىسى 15- ئايەت).

ئەمما باشقا بارلىق جىنايەتلەردە ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك.

2 - گۇۋاھچىلار ئەر كىشى بولۇشى كېرەك. شۇڭا بۇ جىنايەتتە ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئاللاھ تائالا: «سىلەردىن تۆت كىشى» يەنى ئەرلەردىن دېدى. يەنە نۇر سۈرىسى 4 - ئايەتتىكى «گۇۋاھچىلار» دىن ئەر گۇۋاھچىلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

3 - گۇۋاھچىلار راۋۇرۇس دىندار ياخشى كىشىلەر بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىدۇر: «ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار» (تالاق سۈرىسى 2 – ئايەت.) «سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 282 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) پاسىق كىشى يالغان ئېيتىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغاچقا بۇ جىنايەتتە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4 - گۇۋاھچىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سالاھىيىتى بولۇشى، يەنى گۇۋاھچىلار ئەقلى ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك. دېمەك، كاپىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان كىشى ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى، ساراڭ ياكى كىچىك بالىلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

5 - گۇۋاھچىلار ئىككى تەرەپنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن بولۇشى، يەنى ئۇلارنىڭ جىنسى ئورگانلىرىنى پىچاق غىلاپىقا، چىلەك قۇدۇققا كىرگەندەك كىرگەن ھالەتتە كۆرگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەلگىلەنگەن ئېغىر جازالارنى ئازغىنە گۇمان بولسىلا كۆتۈرىۋېتىڭلار.» چۈنكى ئۇلار بەلكى بىر يوتقاندا ياتقان بولسىمۇ زىنا جىنايىتى سادىر قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ قاتتىق شەرت، كىشىلەرنى يۆگەپ قېلىش ۋە ئېغىر جازادىن ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەيدۇ.

6 - بىر سورىدا توپلىشىپ گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك، ئايرىم – ئايرىم كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ» (نۇر سۈرىسى 13 - ئايەت.)

## گۇۋاھچىلار تۆتتىن كەم بولسا ھۆكۈم قانداق بولىدۇ؟

گۇۋاھچىلارنىڭ سانى تۆتكە توشمىسا، ئۇلارغا زىنا بىلەن قارىلاش جىنايىتىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ، بۇ قارىلانغۇچىنىڭ تەلىۋى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قارىلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ، قارىلىغۇچىغا سەكسەن دەررە جازا بېرىلىدۇ، بۇ بىزگە شۇنى تەكىتلەپ بېرىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتى يۈگەشكە، ئالدىراپ زىنا بىلەن تۆھمەت قىلماسلىققا بۇيرىيدۇ، ھەدىس شەرىفتىمۇ شۇنداق كۆرسىتىلگەن: «كىم بىر مۇسۇلماننى يۆگىسە ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدۇ، بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدىلا بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ.»

## مۇھىم ئەسكەرتىش:

سۈتچى گۇۋاھچىلاردىن ئورۇن، ۋاقىت ۋە كىم بىلەن زىنا قىلغانلىقى ھەققىدە سورىشى كېرەك، چۈنكى قارىلانغۇچى زىنانى كىچىك ۋاقتىدا ياكى بەك ئۇزۇن ئۆتمۈشتە ياكى كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىدا سادىر قىلغان بولۇش ئېھتىمالى بار، بۇنداق ئېھتىماللار جازانى كۆتۈرىۋېتىشكە يېتىدۇ، ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ، گۇۋاھلىق بېرىش مۇددىتىنى بىر ئاي دەپ قارىغان قاراش فەقىھلەرنىڭ قاراشلىرى ئىچىدىكى جانلىقراقىدۇر.
«مۇلتەقەل ئەبھۇر» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «زىنا دېگەن مەسئۇلىيەتچانلىق سالاھىيىتى بار بىر شەخسنىڭ ھالاللىق ئېھتىمالى يوق ھالەتتە ئالدى تەرەپكە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىدۇر، بۇ جىنايەت تۆت كىشىنىڭ توپلىشىپ زىناغا گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، سوتچى ئۇلاردىن زىنانىڭ نېمىلىكىنى، قانداق بولسا زىنا بولىدىغانلىقى، كىم بىلەن زىنا قىلغانلىقى، قەيەردە زىنا قىلغانلىقى، قاچان زىنا قىلغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ، ئۇلار جاۋاب بېرىپ، بىز بۇ ئەر كىشىنىڭ جىنسى ئەزاسىنىڭ بۇ ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسىغا پىچاق غىلاپىقا كىرگەندەك كىرگەنلىكىنى كۆردۇق دېسە، بۇ گۇۋاھچىلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئېنىقلاشلاردا ئوبدان راستچىل كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، مەسىلە ئېنىق بولغاچقا زىنا جىنايىتى ئىسپاتلىنىدۇ. جىنايەتچى ئۆلسە يۇيۇلۇپ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىنا جازاسى چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى كونىراش گۇۋاھلىقنى توسىدۇ، گۇۋاھلىق بېرىشنى كېچىكتۈرۈش گۇۋاھچىلارنىڭ راستچىللىقىغا قارىتا گۇمان پەيدا قىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ئېغىر جازالار بولسا گۇمان بىلەن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ[3].»

## زىنا قىلغۇچى يۇرتىدىن پالىنامدۇ؟

بەزى فەقىھلەر ئۆيلەنمىگەن كىشى زىنا قىلسا يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ يۇرتىدىن پالىنىدۇ دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ ئاساسلانغىنى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان، «ئۆيلەنمىگەن كىشى قىز بىلەن زىنا قىلسا يۈز دەررە بىلەن بىر يىل پالىنىدۇ، توي قىلغان كىشى چوكان بىلەن زىنا قىلسا يۈز

[3]بۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭ جازاسى ئۇدۇنياغا قالىدۇ.

دەررە ئۇرۇش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ» دېگەن ھەدىستۇر، (ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ قارىشى بولسا، توي قىلمىغان كىشىنىڭ زىنا جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازا پەقەتلا يۈز دەررىدىن ئىبارەت، بۇنىڭ دەلىلى ئالللاھ تائالانىڭ، «زىنا قىلغان ئەر ـ ئاياللارنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار» دېگەن ئايىتىدۇر. بۇ ئايەتتە ئالللاھ تائالا دەررە ئۇرۇشتىن باشقا جازانى تىلغا ئالمىغان، ئەگەر پالاش بۇ جازانىڭ بىر پارچىسى بولغان بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ساھابىلارغا ئوقۇپ بەرگەندە پالاش جازاسىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى، شۇنداق قىلغاندىلا ساھابىلار دەررە ئۇرۇشتىن باشقا جازا يوق دەپ چۈشىنىپ قالمايتتى، ئۇنداق قىلغانلىقى پالاش جازاسىنىڭ بەلگىلەنگەن جازاغا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە يەنە مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغۇچىنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىش ئۇنى تېخىمۇ ئەخلاقسىزلىققا مەجبۇر قىلىدۇ»، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنغان، «توي قىلمىغان ئىككەيلەن زىنا قىلسا دەررە ئۇرۇلىدۇ، پالانمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنى پالاش ئۇلارنى تېخىمۇ يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «پالاش يولدىن چىقىرىشتا يېتىپ ئاشىدۇ.»

يەنە بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق، ئايال كىشىنى پالاپ ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا چىقىرىۋەتسەك ئۇنى تېخىمۇ بۇزۇقچىلىققا ئۇچراتقان بولىمىز، چۈنكى ئۇ ئايال ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن يىراق بولغان ئەھۋالدا قايتا زىنا قىلىپ سېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنى چوقۇم پالاش كېرەك دەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر مەھرەم تۇغقىنىنى بىللە پالىساق، ئۇ تۇغقىنىنى نېمە جىنايىتى ئۈچۈن پالايمىز؟

دېمەك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قارىشىنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ، پالاش دېگەن بەلگىلەنمىگەن جازا بولۇپ، بۇ بەلگىلەنگەن جازا دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، سوتچى ياكى دۆلەت پالاش پايدىلىق دەپ قارىسا بەلگىلەنگەن جازاغا قوشۇمچە قىلىپ جازالىسا بولىدۇ، بولمىسا پالىماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئاساسى شۇكى، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبىيئە ئىبنى ئۇمەييە دېگەن كىشىنى ھاراقكەشلىكى ئۈچۈن مەدىنىدىن خەيبەرگە پالىغان، نەتىجىدە ئۇ رىمغا قېچىپ كەتكەن، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، «ئەمدى ھېچكىمنى پالىمايمەن» دېگەن.

### بەچچىۋازلىق جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

بەچچىۋازلىق — ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىدۇر. بۇ ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جىنايەت ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا، ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ بىنورماللىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئىش ئىنتايىن پاسكىنا بولغاچقا ھايۋاناتلارمۇ بۇ ئىشتىن يىرگىنىدۇ، شۇڭا ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ئەركەكنىڭ ئەركەككە ئارتىلغانلىقىنى كۆرمەيمىز، بەچچىۋازلىق لۇت قەۋمىدىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ، بۇ جىنايەتنى دەسلەپتە قىلغانلار لۇت قەۋمىدۇر، جانابى ئالللاھ بۇنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلغان: «سىلەر بۇرۇن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بەچچىۋازلىقنى قىلىسىلەر.» شۇڭا بەچچىۋازلىق لۇت قەۋمىگە مەنسۇپ قىلىنىپ «لىۋات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ جىنايەت ئىنتايىن قەبىھ ۋە ئېغىر جىنايەت بولغاچقا ئۇنىڭ جازاسىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق بولغان. جانابى ئالللاھ لۇت قەۋمىگە تۆۋەندىكى تۆرلۈك ئازاب ـ بالالارنى كۆرسەتكەن، ئۇلارنى ئۆيلىرىنىڭ بېسىۋېلىشى، تاشلارنى ئېتىپ ئازابلاش ۋە بىرىنىمۇ قالدۇرماي پۈتۈنلەي ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلىش. جانابى ئالللاھ بۇنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلغان: «بىزنىڭ(جازالاش)ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق(يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ـ ئۈستىلەپ

ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار(يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى)دىن يىراق ئەمەس» (ھۇد 82 - 83 – ئايەتلەر.)
بەچچىۋازنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك فەقىھلەرنىڭ قارىشى بۇ ھەقتە ئوخشاش بولمىغان.
بەزىلەر ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، بۇ جازانى بېرىشتە توي قىلغان كىشى بىلەن توي قىلمىغان كىشىنىڭ پەرقى يوق، بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لۇت قەۋمىنىڭ قىلىقىنى (بەچچىۋازلىق) قىلغان قانداق بىر ئادەمنى كۆرسەڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن سۆزى دەپ قارىغان.
بۇ ئىختىيارىي قىلغاندا بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، قىلىنغۇچى مەجبۇرلانغان بولسا ئۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ.
بۇ ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈم جازاسى چالما ـ كېسەك ئۇسۇلى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ، دېگەن.
ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتا» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام زۆھرىيدىن لۇت قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلغان كىشى ھەققىدە سورىسام، ئۇ «توي قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.»
بەزى فەقىھلەر بەچچىۋزلىق جىنايىتىگە زىنا جىنايىتىگە بېرىلگەن جازا بېرىلىدۇ، يەنى توي قىلمىغانغا يۈز دەررە، توي قىلغانغا چالما ـ كېسەك جازاسى بېرىلىدۇ دەپ قارىغان، بۇ ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدۇر.
بۇنىڭدىن بىزگە شۇ ئايان بولىدۇكى، بەچچىۋازلىق جىنايىتى ئادەتتىكى زىنا جىنايىتىدىن قەبىھرەك ۋە ئېغىرراقتۇر، شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ جازاسىمۇ ئېغىرراق بولغان، چۈنكى توي قىلمىغان كىشى زىنا قىلسا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ، ئۇ پەقەت يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ جازاسى. ئەمما بەچچىۋازلىق جىنايىتى سادىر قىلغان كىشىگە بولسا توي قىلغان ياكى توي قىلمىغان بولسۇن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئاساسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن سۆزىدۇر.
ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىنسانىيەت پاسكىنىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ ھايۋانلارمۇ يىرگىنىدىغان پەس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بەزى دۆلەتلەر، مەسىلەن: ئەنگىلىيەدەك بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بەچچىۋازلىققا يول قويىدىغان قانۇنلار چىقتى، ھەتتا بەزى خىرىستىئان پوپلىرى ئەر بىلەن ئەرنىڭ نىكاھىنى دىنىي مۇراسىملار بىلەن ئوقۇيدىغان بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى قانۇن ھىمايىسى ئاستىدا داغدۇغىلىق توي مۇراسىملىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا.
ھازىر ئۇلارنىڭ جەمئىيەتلىرى ئەركەك ئەركەككە ئارتىلىدىغان ئېشەك ۋە قېچىرلار ئېغىلى بولۇپ قالدى.
ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتى يولۇققان بۇ ئەخلاقىي چېكىنىش نېمە دېگەن ئېغىر ھە؟ ئىنسانلار بۇ چېكىنىشى تۈپەيلىدىن ھايۋاندىنمۇ بەتتەررەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

## بەلگىلەنگەن ئېغىر جازالارنى كىم ئىجرا قىلىدۇ؟

كىشىلەرگە بەلگىلەنگەن ئېغىر جازالارنى ئىجرا قىلىدىغانلار بولسا دۆلەت رەئىسى ياكى دۆلەت رەئىسى تەرىپىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان سوتچىلار ۋە ھاكىملاردۇر. چۈنكى جانابى ئاللاھ ھۆكۈمدارلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغان ئەر ـ ئاياللارنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار.»
بۇ فەقىھلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلەدۇر.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ھۆكمى

زىنا جىنايىتىدە ۋاقىت ئۇزۇن ئۆتۈپ كەتسە گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى گۇۋاھچى ئىككى ئىشقا بۇيرۇلغان:

1 ـ ساۋاب ئېلىش مەقسىتىدە جىنايەتچىنى رەسۋا قىلماي يۆگەش، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم بىر مۇسۇلماننى يۆگىسە ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدۇ.»

2 ـ جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەت خاتىرجەملىكى ئۈچۈن جازانىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «زېمىندا بەلگىلەنگەن بىر جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى زېمىن ئەھلى ئۈچۈن ئوتتۇز كۈن يامغۇر ياغقاندىنمۇ بەرىكەتلىكرەك»، (ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.)

دېمەك، زىنا جىنايىتىدە گۇۋاھچى يا يۆگەش كېرەك ياكى گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك، ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىشتە كېچىكىپ ئۇزۇن مۇددەت ئۆتكۈزىۋەتسە گۇمان جانلىنىپ قالىدۇ ـ دە بۇ گۇمان بىلەن جازا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشى ئۈستىدىن ۋاقتىدا گۇۋاھلىق بەرمەي كېيىن گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئاداۋەت تۈپەيلىدىن گۋاھلىق بەرگەن بولىدۇ.»

شەيخ مۇھەممەد ئەلى سابۇنىنىڭ «الفقه الشرعي الميسر» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئامىلات بۆلۈمى تۆتىنچى قىسمىنىڭ 85 – 124 – بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى:

ئا. مۇھەممەد ئەلى